# تـــــاشــــــۋاي

(1)

خەلق ئىچىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى تولا چاغلاردا كۆمۈلۈپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ ،ئۇلار ئۇچۇن ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارلىرىمۇ ياسالمايدۇ،لېكىن ئۇلار خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ مەڭگۈ خەلق بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

تاشۋاي پۈتۈن ئۆمرىنى مۇزىكا ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بىر ئۇيغۇر سازەندىسى،ئۇ 1880 - يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى سەمەن يېزىسىدا بىر نامرات ھاممال ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن،تاشۋاي يالغۇز ئوغۇل بولۇپ،توققۇز ياشقا كەلگەندە ئانىسى دۇنيادىن ئۆتتى،ئاتىسى بولسا ئانىسى قازا قىلىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن ئىدى،تىكەندەك يالغۇز قالغان بۇ ئوغۇلغا نامرات ئائىلىدىن دادىسىنىڭ بىر چولاق راۋابىدىن باشقا ھېچقانداق بىسات قالمىغان ئىدى....

شۇنىڭ بىلەن ئىگە - چاقىسىز قالغان تاشۋاي دادىسىدىن قالغان چولاق راۋابنى چېلىپ ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى،قىش كۈنلىرىنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا ئاشپۇزۇللارنىڭ ئوچىقىنى،ناۋايلارنىڭ تونۇرلىرىنى ئۆزىگە پاناھ قىلدى،ھەمىشە دېگۈدەك ئاچ يۈردى. بۇ كىچىك سەبىي بالا بەزىدە ئۆزىگە تەڭتۇش بولغان كىچىك بايۋەچچىلەرگە يولۇقۇپ قالغاندا،ئۇلارنىڭ خام سېمىزلىكىگە،يىپەك - شايىدىن تىكىلگەن تون - چاپانلىرىغا،ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن دېدەكلىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ،ئۆز - ئۆزىگە:<<نېمىشقا بۇلارنىڭ قورسىقى توق؟نېمىشقا بۇلارنىڭ غېمى يوق؟..>>دەپ سوئال قوياتتى،لېكىن بۇ سوئاللار ئەينى چاغدىكى كىچىك تاشۋايغا تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر سىرلىق نەرسە بولۇپ قېلىۋەردى.

تاشتىن قاتتىق كۈنلەر بىر - بىرىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىۋەردى،يوقسۇللۇق ئاخىرى

بىركۈنى تاشۋايىنى مەدىكار بازىرىغا ئېلىپ باردى،ئۇ پەقەت قورساق تويغۇدەك غىزا ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساتماقچى بولسىمۇ ،كۈنلۈكچىلەرگە ھاجەتمەنلەردىن بىرەرىمۇ تاشۋايغا نەزىرىنى سېلىپ قويمىدى.بۇ ھال ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى،تاشۋاينىڭ كۆزىگە بۇ زامان ،بۇ تۇرمۇش ئىنتايىن نەپرەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى:<<ئاھ خۇدا، - دېدى تاشۋاي ئۆز - ئۆزىگە، - ماڭا يېگىلى نان بولمىسۇن،كېيگىلى كېيىم بولمىسۇن،ئەمدى قىلىدىغانغىمۇ ئىش تېپىلمامدۇ؟...>>ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان تاشۋاي ئۆسۈپ - ئۆسۈپ يىغلاپ مەدىكار بازىرىدىن قايتتى،لېكىن ئۇ قەيەرگە بېرىپ نەدە تۇرۇشنى بىلمەيتتى...

تاشۋاي ئۇن ياشقا كىردى،ئۇ شۇ يىلى قىشنىڭ قارا سوغۇقلىرىنىڭ بىرىدە ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى بىر ئايال خوجايىنىنىڭ ئاشپۇزۇلىدا كۈن بويى سۇ توشۇپ،ئوتۇن يېرىپ ،ئوچاققا ئوت قالاپ،ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يەپ كۈن كەچۈردى،تونۇر بېشىنى قونالغۇ قىلدى...بىر كېچىسى تاشۋاي تونۇر ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقاندا تۇيۇقسىز قار يېغىپ قاتتىق شۇۋىرغان چىقىپ كەتتى،كىچىك تاشۋاي گويا مۇز ئارىسىدا ياتقاندەك توڭلاپ تىترەشكە باشلىدى،ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تاشۋەي مۇزلاپ قېلىش خەۋپىنى ھېس قىلىپ،قاتتىق ئەنسىرىدى،بىچارە يېتىم ئىڭرىدى،يىغلىدى،قاقشىدى،شەپقەتسىز شۇۋىرغانلىق تۈن - كېچىدىن،سىياھدەك قارا ئاسماندىن،ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن كەڭرى زېمىندىن نىجادلىق تىلەپ ئۈن سېلىپ ۋارقىرىدى...

<<ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت>>دېگەندەك،ئۇ زامانلاردا تاشۋاغا ئوخشاش يېتىم - يېسىرلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىدى،ئاچ - يالىڭاچ باللار،ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان قېرى - چۆرىلەر،ھەرخىل مېيىپ - مەجرۇھ كىشىلەرنىڭ ھال - كۈنلىرى ۋە بېشىغا كېلىدىغان قىسمەت بىر - بىرىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى.ئۇلار ئوخشاشلا كۈندۈزنى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزسە،كېچىلىرى ،بولۇپمۇ قىش پەسلىنىڭ كېچىلىرىدە

ھاممامنىڭ گۈلەخلىرىنى ئۆزىگە ماكان قىلاتتى. ھېلىقى شىۋىرغانلىق كېچىسىمۇ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بىر ھاممامنىڭ گۈلەخلىرىدە پەقەت باشلىرىنى چىقىرىپ قويۇپلا، ئىسسىق كۈلگە كۆمۈلۈپ بىرقانچە ئون يېتىم بالا ياتقان ئىدى، تۈن تەگدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ يېتىم بالىلار ئىچىدە بارات ئىسىملىك بىر بالا ئۇخلىيالماي، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان شىۋىرغاننىڭ بۆرىدەك ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئويغاق ياتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىرجايدىن كېلىۋاتقان بىر بالىنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىشىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ زەن قويۇپ تىڭشاپ، بۇ ئاۋازنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىگە نىجادلىق تىلەۋاتقان بىر ئاجىز بىچارىنىڭ نالىسى ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلغاندىن كېيىن، يېنىدىكى بىر ئاغىنىسىنى ئويغىتىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار قولتۇقىغا بىر چولاق راھىبنى قىستۇرىۋالغان بىر كىچىك بالىنى يۈدۈپ قايتىپ كەلدى، ئۇلار ئۇنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ، كېيىن كۈلگە كۆمۈپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، ئۇ بىرئاز ھوشىغا كېلىپ، بارات ۋە ئۇنىڭ بۇ ئاغىنىسىنىڭ مېھرىبانلىقىغا كۆز يېشى قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

كېيىن بارات ئۇنىڭدىن سورىدى:

- ئىسمىڭ نېمە؟

- تاشۋاي.

- كىمنىڭ بالىسى سەن؟

- ئاتا - ئانام يوق.

- ئۆيۈڭ نەدە؟

- ئۆيۈممۇ يوق.

تاشۋاي شۇنىڭدىن باشلاپ ھەركۈنى كېچىسى مۇشۇ گۈلەخنى ماكان قىلدى ۋە

ئۆزگە ئوخشاش باللارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

تاشۋاينىڭ قوشۇلۇشى گۈلەخ ھاياتىنى بىردىن جانلاندۇرىۋەتتى،ئۇ ھەرئاخشىمى ئاغىينىلىرىغا ئۇلار سۆيۈپ تىڭشايدىغان پەدىلەرگە راۋاب چېلىپ بېرەتتى،بەزى ئاخشاملىرى ئۇ راۋاب چالسا ھەمراھلىرى ئۇسۇل ئويناپتتى ۋە تاشۋايغا قېتىلىپ ناخشا ئېيتاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى،تاشۋاي باي - غوجام،سوپى - ئىشانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان كۆڭلىكلىك ھەجۋىي قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىۋالغان نامىسى<<ۋاي،دەر - ئەلەم،يادوست>>نى ئېيتىپ بەردى،ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تىلەمچىلىككە ئىشلىتىدىغان ساپايىلىرىنى چېلىپ،كونا،پۇچۇق تاۋاقلىرىنى داپ قىلىپ تاراڭشىتىپ،تاشۋايغا جۆر بولدى،كوچا - كويلاردا تىنەپ - تەمترەپ يۈرگەن ئۆي - ماكانسىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ يەرگە توپلىنىشتى - دە،ناخشا ئومۇمىي خورغا ئايلاندى،گۈلەختىن چىقىۋاتقان ناخشا ئاۋازى چەكسىز سامانى تىترىتىپ ياڭرىدى:

زارا - خەتمە ئاش بولدى،
ئىمام - مەزىن باش بولدى.
بايلار ئۈچۈن ئاش بولدى،
غېرىبلارغا تاش بولدى.
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست،
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست!

تامدا پاختەك،كۆلدە ئۆردەك،
ماشنى چايناپ كېلىدۇ.
نەزىرگە موللام - سوپىلار،
نامازنى تاشلاپ كېلىدۇ.
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست،
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست!

ئاخۇنۇم ھوقۇش سوپى،
دۇردۇن - تاۋار تونلىرى.
كەمبەغەلنى قاقشاتتىلا،
ئۆزۈلۈپ كەتكەي قوللىرى.
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست،
ۋاي دەرد - ئەلەم يادوست!
........................

ئومۇمىي خور ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ،يېتىم - يېسىرلار باي - غوجاملارنى،سوپى - ئىشانلار ۋە قورساق باقار موللىلارنى ئەلەملىك شىكايەتلىرى بىلەن مەسخىرە قىلىپ،ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتى. بىر - بىرىگە ھال - ئەھۋال ئېيتىشتى...شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گۆلەخ ھەركۈنى كەچتە دېگۈدەك يوقسۇل بىچارىلەرنىڭ،يىتىم - يېسىرلارنىڭ توپلىشىپ تاشۋاينىڭ راۋابىنى تىڭشايدىغان ۋە ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينايدىغان،كۆڭۈل ئاچىدىغان مەشرەپ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى،لېكىن گۆلەختىكىلەرنىڭ بۇ كۈنلىرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى،يېقىن ئەتراپتىكى باي - غوجاملار شەنگەنگە ئەرز قىلىپ،گۆلەختىكىلەر ئۈستىدىن:<<ئارامىمىزنى بۇزدى،بىزنى خاتىرجەم قىلمىدى...>>دەپ شىكايەت قىلدى،ئەرز قىلىنغان كۈنى كەچتە بىرقانچە يايى گۆلەخكە كېلىپ،توپلىشىپ تۇرغان بالىلارغا:<<ھوشۇڭنى تېپىپ جىم يۈرۈش!جىخم ئۇخلاش!ئەگەر بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئەھۋال بولىدىغان بولسا،كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن...>>دەپ ئەمىر قىلدى،يېتىم - يېسىرلاردا نېمە ئامال بولسۇن؟!بىچارىلەر يايىلارنىڭ بۇ پەرمانىغا نائىلاج كۆنۈشتى، ،شۇنداق قىلىپ بۇ گۆلەختىكىلەرنىڭ ئىچىدە تاشۋاي يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان كىچىككىنە خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماي غايىپ بولدى.

بۇ گۆلەخكە يېقىن يەردە بىر كېيىم ئاياغ كېيىم بازىرى بار ئىدى،بۇ بازار ھەر پەيشەنبە كۈنى شۇنچىلىك قايناپ كېتەتتىكى ،مال ساتقۇچىلارنىڭ قايناق خېرىدار چاقىرىشلىرى،بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەرخىل پاراڭ،كۆلكە - چاقچاقلىرىدىن كىشى چىداپ

بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سۈرەن - شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك، كونا بىر ناۋايخانىمۇ بار ئىدى، ناۋايخانىنىڭ ئىگىسى بىرئۆمۈر راۋابقا ئىشتىياق باغلاپ، راۋاب چېلىشقا شۇنچىلىك ھېرىس بولۇپ يۈرگەن رىھىم ئاتلىق كىشى بولۇپ، رەھىم ئاخۇن پەرزەنت كۆرمىگەن، ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگىمۇ ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، قايتا ئۆي - ئوچاقلىق بولماي، يالغۇز ھايات كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل، سەممىي، دىلكەش ئادەم ئىدى، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت تاللاپ يۈرۈپ، چىرايلىق نەقىشلەنگەن بىر راۋابمۇ سېتىۋالغان ۋە ئاخشاملىرى ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئىگىزى بىلىدىغان پەدىلەرگە تىرىڭشىتىپ يۈرۈپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاچاتتى، بەزى كەچقۇرۇنلىرى گۈلەندىكى يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، تاشۋاينىڭ راۋابىنى تىڭشاپ قايتىپ كېلەتتى، ۋە كىچىك بولۇشىغا قارىماي راۋاب چېلىشقا ماھىرلىقى بىلەن شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان بۇ بالىغا بەكمۇ مەستلىك كېلەتتى.

رەھىم ناۋاي بىركۈنى كەچ بوش بولۇپ قېلىپ، ھېيتگاھنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ گۈلەخكە كەلدى، كۆلگە يېرىم كۆمۈلۈپ يېتىپ دوستى باراتقا قانداقتۇ بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان تاشۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاخىرىغىچە تىڭشاپ بولغاندىن كېيىن، تاشۋايغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

- قېنى بالام، مۇڭلۇق پەدەڭدىن بىرگە چېلىپ بەرمەمسەن؟ شۇنى سېغىنىپ كەلگەن ئىدىم! - دېدى.

- ئەپۇ قىلسىلا، تاغا، راۋابنى چالمايدىغان بولدۇق.

- نېمىشقا؟

- ياموُلدىكىلەر شۇنداق ئەمر قىلدى.

- شەنگەننىڭ سېنىڭ راۋاب چېلىشىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ باي - غوجاملار كۈندە ئەيش - ئىشرەت، نەغمەن - ناۋا قىلسا گەپ يوق، سەن بىچارىنىڭ راۋاب چېلىشىڭ گۇناھ

**بولۇپتمۇ ئەمدى؟**

- بزده نېمه ئامال بار دەيدىلا ئۇستام، - دېدى بارات سۆزگه ئارلىشىپ، - خۇدايىم پىشانىمزگه شۇنى پۈتتىمكىن تاڭ، باي - شاگىۇ دەمدۇ، شەنگەن - يايى دەمدۇ، بز ئۇلارنىڭ ئاچسا ئالىقىنىدىكى، يۇمسا سىقىمدىكى ئادەملەر بولۇپ قالدۇق، ئۇلار ئوت قويسا سوراق يوق، بز چىراق ياندۇرۇپ قويساق گۇناھقا لايىق بولۇپ قالارمىشمز.

ئارىدا بىردەم ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن، رەھىم ناۋاي بىردىنلا تاشۋاينى ئۆزئۆيىگه ئېلىپ كېتىپ، ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇش ۋە ھازىردىن باشلاپ، ئاتا - بالا بولۇپ بىر ئۆيده تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، تاشۋاي بىلەن بارات - بۇ ئىككى دوست ئۇزۇنغىچه كېڭىشەندىن كېيىن، تاشۋاي رەھىم ناۋاينىڭ بۇ تەكلىپىگه رازىلىق بەردى، لېكىن تاشۋاي ئۈچۈن بۇ گۈلەختىن ئايرىلىپ چىقىش ئۇنىداق ئاسانغا چۈشمىدى، ئۆزدوستلىرى بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ قۇچاقلاشتى، دوستى بارات بىلەن خوشلاشقاندا يۈزىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيدى، باراتمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، تونۇشقىلى ئانچه ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ بىراق بىر - بىرىگه شۇ دەرىجىده ئۆگىنىپ قېلىشقان بۇ قەدىردان دوستلار ئەتىلا يەنه كۆرۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ بىر - بىردىن ئايرىلمىقى مەڭگۈلۈك جۇدالىقتىنمۇ ئېغىر كەلدى، رەھىم ناۋاينىڭ مېڭىشقا قىلغان دالالىتىگه يۈز كېلەلمەي، قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىپ بارغان تاشۋاي بىردىن ئۆزىنى توختىتىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق ھايات كەچۈرگەن گۈلەخكه، بىلله ئۆتكەن يېتىم - يېسىر تەڭتۇشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتتى:

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
تالادا خارۇ - زار باللار.
ئاشنا قىلغىل شۇ دوستلارغا!

يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ ،
يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ.
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.
ئاشنا قىلغىل شۇ دوستلارغا!
.....................

(2)

تاشۋاينىڭ يېڭى بىر هاياتى باشلاندى،رەھىم ناۋاي تاشۋاينى ئۆيىگە ئەكىلىپ يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن،ئۇنىڭغا قىزىل چەكمەن چاپان،بويالغان خامدىن تىكىلگەن تامبال كەيدۈردى،ئانچە - ،ۇنچە كېيىم،تائام - غىزا،ئىسسىق ئۆيگە ئىگە بولغان تاشۋاي تاكى توخۇ چىللىغۇچە ئۇخلىماي،ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى رەھىم ناۋايغا سۆزلەپ بەردى،تاشۋايغا بولغان ئامراقلىقى تېخىمۇ ئاشقان رەھىم ناۋاي تاك ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئۇخلاپ قالدى،لېكىن تاشۋاي كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى،ئۇ خىيال سۈردى،گۈلەختە قالغان بارات قاتارلىق دوست - بۇرادەرلىرىنى ئەسلىدى،ئۇلار ھەققىدە قايغۇردى...

تېخى يېقىندىلا باش كۆزلىرى كىرلىشىپ،كېيىم كېچەكلىرى قارداپ تىتىلىپ كەتكەن تاشۋاي كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن،كۆزلىرى بۇلاقتەك چاقناپ،مەڭزىلىرىگە قان يۈگۈرۈپ،چىرايلىق بىر يىگىت بولۇپ ئۆسۈشكە باشلىدى...ئەزەلدىن زېرەك بولغان بۇ بالا ناۋايلىق ھۈنىرىنىمۇ تېزلا ئۆگىنىۋالدى،راۋاب چېلىشنى بىركۈنمۇ تاشلاپ قويمىدى،ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا راۋابنى قولىغا ئالاتتى - دە،كېچە - كېچىلەپ چالاتتى.رەھىم ناۋاي بولسا تاشۋاينىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن زەخمەك ئۇرۇشىغا زوقلىنىپ قاراپ،يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق پەدىلەرنى چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تىڭشايتتى.

كۈنلەر ئۆتتى،ئايلار ئۆتتى،بىر - بىرىگە ئەگىشىپ يىللارمۇ ئۆتتى...تاشۋاي بارغانسېرى بويىغا يېتىپ،كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ئۆسۈشكە باشلىدى.ئۇ ئەينى يىللاردىكى گۈلەختە بىللە ياشىغان دوستلىرىنى زادى ئۇنتۇپ قالمىدى.بولۇپمۇ بارات

بىلەن دائىم دېگۈدەك ئىزدىشىپ، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە يار-يۆلەك بولۇپ تۇردى. تاشۋاينىڭ راۋاب چېلىشتىكى ماھىرلىقىمۇ بارا-بارا ئۆسۈپ، ئەل-يۇرت ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى، ئۇ شۇيىللاردا «قادىر مەۋلان»، «مۇناجات»، «ئاشىناجان»، «يار مۇرادىغا يەتتى»، «ئەجەم»، «ئەجەم تەلقىسى» قاتارلىق خەلق ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ، سېستىمىلاشتۇرۇپ چىقتى. بۇ مۇزىكىلارنى ئۆگىنىش ۋە رەتلەش داۋامىدا تاشۋاي تولا چاغلاردا ۋە ئاخشاملىرى رەھىم ناۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئولتۇرۇپ راۋاب چالاتتى، ئۇ بۇكۈنلەردە راۋابقا شۇنچىلىكى ئىشتىياق باغلىغان ىدىكى، بەزى كېچىلىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئۆگزىگە چىقاتتى-دە، ھاياتنىڭ پۈتۈن شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ تويمايدىغان جىمجىت تۈن قۇچىقىنى جانلاندۇرۇپ، يەنە راۋاب چېلىشقا باشلايتتى...

رەھىم ناۋاينىڭ ئىكىنىڭ ئۇدۇلىدا بىرزالىم شاڭيۇنىڭ قورۇسى بار ئىدى. شاڭيۇنىڭ بويىغا يەتكەن، چىرايلىق گۈلچىمەن ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، بۇ قىز رەھىم ناۋاينىڭ ئۆيىگە تاشۋاي كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ، يىراقلاردىن سەپسېلىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. يىللار ئۆتۈپ گۈلچىمەنمۇ بويىغا يەتتى، بارا-بارا ئۇنىڭ ئۈچۈن تاشۋاينىڭ راۋابى راھەت-ھوزۇر بېغىشلايدىغان بولۇپ قالدى، تاشۋاي ئۆگزىگە چىقىپ راۋاب چېلىشنى باشلىغاندا گۈلچىمەنمۇ بەزىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆگزىگە چىقىپ، تاشۋاينىڭ راۋابىنى تىڭشايدىغان بولۇپ قالدى، ئايلار ئۆتتى، قىزنىڭ باشقىچە ئىللىق مۇناسىۋىتىنى تاشۋايمۇ سېزىپ يەتتى...

تاشۋاي ۋە گۈلچىمەننىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى كۆپ ئۆتمەي گۈلچىمەننىڭ ئاتىسى-زالىم شاڭيۇنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى، ئۇ بىرقانچە قېتىم قىزىنى قاتتىق ئۇرۇپ، «بىر يېتىم گادايىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭ ماڭىلا ئەمەس، بىزنىڭ پۈتۈن

ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت،ئەگەر بۇ نىيىتىڭدىن يانمايدىكەنسەن،تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن...!>>دەپ ھۆركىرەۋاتقاندا،بىچارە تاشۋاي يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن ھالدا ئۆگزىدە ماراپ ياتتى،ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى،شاگىۇدىن بىرقانچە قېتىم ئېغىر تىل - ھاقارەتلەرنى ئاڭلىدى،بەزىدە تاياقمۇ يېدى...

شۇنىڭدىن كېيىن،تاشۋاينىڭ ئۆگزىگە چىقىپ راۋاب چېلىشىمۇ چەكلەندى،گۈلچىمەنمۇ سىرتتىقا چىقىشتىن مەھرۇم بولۇپ،ئۆي ئىچىگە بەنت قىلىندى. دەل شۇ كۈنلەردە ،تاشۋاينىڭ دوستى باراتمۇ يىراق جايلارغا مەدىكار بولۇپ كەتكەن ئىدى،شۇنىڭ ئۈچۈن تاشۋاينى قاتتىق زېرىكىش ۋە پىغانلىق دەرد - ئەلەم قىيباشقا باشلىدى.

1900 - يىلى ياز ئېيىنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئىدى.بىركۈنى كېچىسى تاشۋاي ئىكزى يالغۇز ئولتۇرۇپ توخۇ چىللىغىچە راۋاب چالدى.ئىشتىن ھېرىپ كەلگەن رەھىم ناۋاي سالقىنراق يېتىش ئۈچۈن ئۆگزىگە جاي راسلاپ ئالدىبۇرۇن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.تاشۋاي راۋابنى ناھايىتى زوق بىلەن چالاتتى.ئاجايىپ ئىش،ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ راۋابىدىن يېڭى بىر ئاھاڭ،كارامەت بىر يالقۇنلۇق مۇزىكىنىڭ دەسلەپكى ئېلمىنتى تۇغۇلۇشقا باشلىدى.بۇ ھال تاشۋاينىڭ ئۆزىنىمۇ ھاياجانغا سالدى.قانلىرى قايناپ،پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىرخىل ئوتلۇق ھېسسىياتقا غەرق بولدى.راۋاب چېلىناتتى.تاڭ سۈزۈلۈپ،شەرق تەرەپتىن سۈبھى قۇچاق يېيىپ كېلىۋاتاتتى،زەخمەك ئۇرۇلاتتى...شۇنداق قىلىپ،مەشھۇر مۇزىكا <<تاشۋاي>>دۇنياغا كەلدى..

تاشۋاي مۇزىكىسى يارىتىلغاندىن كېيىن ،تاشۋاي ئۇدا بىرنەچچە كۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ،بۇ مۇزىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى.شۇنىڭ بىلەن تاشۋاينىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئ.ۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ

ئېچىنىشلىق ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئازادلىققا، ئەركىنلىككە ۋە ھۆرلۈككە بولغان چەكسىز ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرپۈتۈن ۋەقەلىك ئاساسىغا ۋە تولۇق سىمفونىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مۇڭلۇق مۇزىكا ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن قەشقەرگە ۋە كەڭ يېزا - قىشلاقلارغا تاشۋاينىڭ نامى بىلەن تارقىلىپ كەتتى. نۇرغۇن راۋابچىلار بۇ مۇزىكىنى چېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۆڭلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، دەرد - پىغانلىرىنى تۆكتى. ھۆرلۈك - ئەركىنلىك، تەڭلىك - باراۋەرلىككە بولغان چەكسىز تەلپۈنۈشىنى ئىزھار قىلىشتى! مىڭلىغان راۋاب ھەۋەسكارلىرى راۋاب ئۆگىنىشنى ئاۋۋال مۇشۇ مۇزىكىدىن باشلىدى.

تاشۋاينىڭ ھاياتى يەنە بىرخىل داۋاملىشىپ كېتەلمىدى، ئۇ 20ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ بىركۈنى ئۇنىڭ قەدىردان ئۇستىسى - پاسبانى رەھىم ناۋاي كېسەل بولۇپ ساقىيالماي دۇنيادىن ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى تاشۋايغا ئېغىر تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلدى، كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى... بۇ ھەسرەت ئۇنىڭ دەرد - ئەلەم بىلەن يارا بولۇپ كەتكەن يۈرىكى ئۈچۈن گوياكى تۇز بولۇپ سېپىلگەندەك بولدى...

مەرھۇم رەھىم ناۋاي دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى قەشقەردىكى يوقسۇل - نامراتلار، تاشۋاينىڭ ئەينى يىللاردا گۈلەختە بىللە ياشىغان سەبداشلىرى جىنازا ئالدىدا ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ، جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. باشتىن - ئاخىر قارلىق كېيىمى كەيگەن تاشۋاي رەھىم ناۋايدىن قالغان نەقىشلىك راۋابىنى قولىغا ئېلىپ، جىنازا ئالدىدا كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق پەدە ??ئەجەم تەلقىسى??گە چېلىپ ماڭدى.

رەھىم ناۋاي دەپنە قىلىنغاندىنكېيىن، مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە تاشۋاي رەھىم ناۋاينىڭ چىرىقىنى ئۆچۈرمەي، ئۇنىڭ ناۋايخانىسىدا تىرىكچىلىك قىلماقچى بولغان ئىدى، ئەمما ??كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكىچە بېشى تاشقا تېگىپتۇ??دېگەندەك، تاشۋاينىڭ بۇ ياخشى ئارزۇسى گويا سۇغا چۈشكەن قاردەكلا يوق

بولۇپ كەتتى.رەھىم ناۋاينىڭ تاشۋاي ئۆچۈن پۈتۈپ بەرگەن بەخشەندە خېتى بولسىمۇ،لېكىن ئاشۇ كىچىككىنە ناۋايخانىنى قولغا كەلتۈرىۋېلىشكە قورسىقىدا بۇرۇندىن چوت سوقۇپ يۈرگەن ناۋايلارنىڭ ساھىب تەگبىرى:??تاشۋاي رەھىم ناۋاينىڭ مىراسخورى ئەمەس،بەلكى ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى كۈنلۈكچى ئىدى...??دەپ دەۋا قىلىپ،رەھىم ناۋاينىڭ پۈتۈن بىساتىنى ئۆزئىختىيارىغا ئېلىۋالدى.بىچارە تاشۋاي رەھىم ناۋاينىڭ نەقىشلىك راۋابىنى كۆتۈرۈپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بۇنداق ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمىغان بارات ۋە باشقا ئاغىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تاشۋاي بىر دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ،يامۇلغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن باردى،لېكىن ساھىب تەگبىر ئاللىبۇرۇن شەنگەننىڭ ئاغزىنى مايلاپ ئۈلگۈرگەن ئىدى،ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۈيقەستكە شېرىك بولغان گۈلچىمەننىڭ ئاتىسى-زالىم شاڭيۇمۇ شەنگەنگە:??تاشۋاي دېگەن هارامزادە نارەسىدە قىزىمغا يامان نىيەتتە بولۇپ ،يۈز-ئابرويۇمنى تۆكۈشكە قەست قىلغان?? دەپ ئەرز قىلدى،ئاخىرىدا بىچارە تاشۋاي??گادايلارنى باشلاپ يامۇلغا باستۇرۇپ كەلدى??دېگەن بەتنام بىلەن گۇندىخانىغا تاشلاندى.

تاشۋاي گۇندىخانىنىڭ يالغۇز كىشلىك ئۆيىدە تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ،بۇ جەرياندا گۇندىخانىدىكى پۈتۈن مەھبۇسلارغا ئۇنىڭ قەشقەر شەھرى ۋە يېزا-قىشلاقلاردا شۆھرەت قازانغان ياش راۋابچى تاشۋاي ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى،تاشۋاينى يالغۇز يېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئارىغا ئېلىپ چىقىش پۈتۈن مەھبۇسلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى،ئۇلار بۇ ھەقتە گۇندىپايلارغا ئىلتىماس قىلىشتى،چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈشتى،ئەمما ھېچبىر نەتىجە بولمىدى،قانداق قىلىش كېرەك؟...ئاخىرى چاچ-ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان،ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى موشۇ گۇندىخانىدا ئۆتكەن بىر مەھبۇسنىڭ مەسلىھەتى ئۇنۇم بەردى.مەھبۇسلار يانلىرىدا قانچىلىك پۇل بولسا ھەممىنى چىقىرىپ،توپلانغان پۇلنى ئەپلىك بىر پەيتتىنى تېپىپ گندىپايلارنىڭ باشلىقىغا

بېرىشتى. ئۆمۈر بويى پارا يەپ، پارىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ گۈندىپايىلار باشلىقى پۇلنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن تاشۋاينى يالغۇز ئۆيدىن كوللىكتىپ ياتىدىغان كامېرغا يۆتكىدى، بارات ئارقىلىق تاشۋاينىڭ راۋابىنى ئالدۇرۇپ بەردى، يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت سۆيۈملۈك راۋابىنى قولىغا ئالمىغان تاشۋاينىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى ۋە بارماقلىرىنى پەدىلەر ئۈستىدە ئوينىتىپ، بىرخىل ئىشتىياق بىلەن زەخمەك ئۇرۇشقا باشلىدى:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،

ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.

كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،

بىلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.

..................

تاشۋاي ئۆزىنى ھېچبىر توختىتالماي گاھى مەھبۇسلار بىلەن ئۆزىنىڭ دەرد - پىغانلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئورتاقلاشقان، گاھى ئادالەتسىز، زۇلمەتلىك دۇنياغا قارىشى پۈتمەس - تۈگىمەس ئۆچمەنلىكىنى ئىزھار قىلىدىغان، گاھى گۈندىپايىلارغا ئۆزىنىڭ ھېچبىر گۇناھسىزلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان پەدىلەرگە چالاتتى،

كۈنلەر ئۆتتى. بۇ مەگىللەردە تاشۋاي ئۆزىنىڭ مەشھۇر مۇزىكىلىرىدىن ??گۈندىپايI ??، ??گۈندىپايII ??لەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ راۋاب چالمايدىغان، ناخشىغا ئېيتمايدىغان كۈنلىرى بولمىدى، ئەسىرلەپ مۇڭ - ھەسرەت، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈپ كەلگەن بۇ گۈندىخانا يېقىملىق راۋاب ئاۋازى بىلەن جانلاندى، مەھبۇسلارنىڭ تاشۋايغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى، بەزى گۈندىپايىلارمۇ راۋابىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازىغا ئىختىيارسىز ھالدا زەن قويۇشقا باشلىدى، بولۇپمۇ يېشى 70لەرگە بېرىپ قالغان بىرگۈندىپاي تاشۋاينىڭ راۋاب

چېلىشىغا باشقىچە ئامراق بولۇپ قالدى،ئۇ تاشۋاينىڭ راۋابىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىدى:ئۇ كىچىك چېغىدا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ،تىرىكچىلىككە ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي ئوغرىلىق قىلغان،بىر كۈنى دەل ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قېلىپ،بۇ گۇندىخانىغا سولانغان.گۇندىخانىدا يېتىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن،يەنەمۇشۇ گۇندىخانىدا گۇندىپاي بولۇپ قالغان،گۇندىپاي تاشۋاي راۋابىنى ??تاشۋاي??پەدىسىگە چالغان كۈنى يۈرەكلىرى ئېزىلىپ،ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ كۆزەتچىلىك نۆۋىتىدىن پايدىلىنىپ،تاشۋاينى يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

- بۈگۈن سېنى بۇ ھەپسىدىن قاچۇرىۋېتەي،لېكىن سەن قەشقەردە تۇرما،باشقا يۇرتلارغا كەت.سېنى قاچۇرىۋەتكىنىم ئۈچۈن كەلگۈلۈك كېلىپ قالسا،مەنلا تارتاي،مەن ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن، - دېدى.

باش توخۇ چىللىغاندا گۇندىخانىدىن قېچىپ چىققان تاشۋاي تاڭ يورۇغىچە دوستى باراتنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئىككىسى نەگە بېرىش ،نېمە قىلىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى...

(3)

تومۇز كۈنلىرى ئىدى،خۇددى ئەينەكتەك يالتىراپ،خۇمدانىدىن كۆتۈرۈلگەندەك تىنجىق ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كەڭ تاقىر سايدا تاشۋاي بىلەن بارات كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار نەگە باردى؟قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ؟بۇمۇ ئاڭلاشقا ئارتۇقلۇق قىلمايدىغان بىر سەرگۈزەشتە.

تاشۋاي گۇندىخانىدىن چىقىپ،دوستى بارات بىلەن ئەتىسى كېچىدە قەشقەرنى تاشلاپ ئەنجانغا كەتكەن ئىدى.ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز ئاي ئىچىدە ئۆزگە يۇرتتا يۈرۈپ،ئادەم بەرداشلىق بېرىشى قېيىن بولغان جەبىر-جاپالارنى تارتتى.ئاخىر

ئۇلار??تاشمۇ چۆشكەن يېرىدە ئەزىز ئىكەن،كېيىنكى قېتىمىز تۆكـۈلگەن تۇپراققـا قايتىــپ كېتەيلى??دېيىشكەندىن كېيىن كۆتلەپ پىيـادە يـول يۈرۈپ،ئـۆز ۋەتـىـنىگە قـاراپ يولغـا چىقىشقان ئىدى.ئۇلار تاقىر ساي ئىچىدىنمۇ چىقىپ بولدى،ئەركەشتامدىن ئۆتـۈپ ۋەتەن چېگىرىسى ئىچىگە كىرىپ كەلگىنىــدە ،بۇلارنىــڭ كـۆزىگە ھەربىرتــال گىياھ،ھەربىرتــاش گوياكى گۈلــدەك بولــۇپ كۆرۈنــدى. شــەرقتىن ســوققان مەيــىن شــامال دەردلىــرىگە داۋا بولىدىغاندەك تۇيۇلدى.ئەتراپقا تويماي،يېنىش - يېنىشلاپ كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىپ بارغان تاشۋاي بىردىن توختاپ يەردىن بىرسىقىم تۇپراقنى قولىغا ئالدى - دە،ھاياجان بىلەن:

- ئەي،ئەزىــز تــۇپراق. . .مەن ياقـا يۇرتتــا خارلىنىپ،يېتىمــسىراپ يۈرگىنىمدە،سـېنى كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولدۇم! - دېدى.

ئۇلار داۋاندىن چۈشۈپ ئانچە ئۇزىمايلا يول بويىــدىكى چــوڭ بىرقــورام تــاش يېنىــدا بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىــپ تۇرغــان ســۈزۈك بــۇلاق ســۈيىدىن يــۈرەك - بــاغرى قــانغۇچە ئۇچۇملاپ ئىچىپ،نان - پان يەپ،بىرئاز دەم ئېلىشتى.تاشۋاي ۋەتەنگە قايتىــپ كەلگــۈچە يول بويى ئويلاپ ۋە پىششىقلاپ چىققان??كاۋابى سەھرا??پەدىــسىنى چېلىپ،بارئــاۋازى بىلەن ناخشا ئېيىتتى:

ھەرشەنبە چىقىپ يەيتتىم،
مەي باغلىغان ئۈجمەڭنى.
يىل ئۆتتى چىقالمىدىم،
نەقىلاي غېرىبلىقنى.

كاۋابى سەھرا،
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللا.

راۋابنى چالاي ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام،
ئۆتمىدى مېنىڭ سۆزۈم.

كاۋابى سەهرا،
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللا.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

كاۋابى سەهرا،
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللا.

...................

ئۇ ??كاۋابى سەهرا??دىن كېيىن، ??قادىر مەۋلانەم??، ??ساپئېرىق??، ??يار مۇرادىغا يەتتى??قاتارلىق پەدىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن چېلىپ،شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ باشقا يۇرتتا كەچۈرگەن سەرگەردانلىق هاياتىنى قىسقىچە ئەسلەپ،ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىنى ئىزهار قىلدى.

ئىككى دوست قەشقەر شەهرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇرۇنقى دوست - بۇرادەرلىرى يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇپ،كۆپ ئۆتمەيلا تاشۋاينى ئىزلەپ تېپىشتى. بۇلار تاشۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ،ناخشا ئېيتىپ،ئۇسۇل ئويناپ،ئۆزلىرىنىڭ ئىناق هاياتىنى باشلىدى.كۈنلەر،ئايلار،يىللار شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋەردى.

تاشۋاي 33ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ بىر جۈمە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى بولغاندا،ئىككى - ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن هېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ راۋاب چېلىۋاتاتتى. يامۇلنىڭ چېرىكلىرىدىن جۈمەش ئىسىملىك بىر قىمارۋاز بۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ،تاشۋاينىڭ قولىدىكى رەھىم ناۋايىدىن قالغان نەقىشلىك راۋابنى تارتىۋالماقچى بولدى،ئەمما تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى،جۈمەش نائىلاج چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىپ قالدى - دە،بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن نەچچە ئونلىغان چېرىك ۋە لۈكچەكلەرنى باشلاپ

كېلىپ،خاتىرجەم راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. بارات بۇ توپىلاڭ ئىچىدىن تاشۋاينىڭ راۋابىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈردى،تاشۋاي بولسا مۇشت زەربىدىن يىقىلدى. بۇ مۇشتۇمزورلار گوياكى لاي پېتىقلىغاندەك بىچارە تاشۋاينى دەسسەپ چەيلىدى....

بىر قانچە دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلگەن بارات قانغا مىلىنىپ ياتقان تاشۋاينى يۆدۈپ،شەھەر سىرتىدىكى ??مۇراد باخشى ئاتام??دەپ ئاتىلىدىغان مازارنىڭ بىرخارابە ھوجرىسىغا ئېلىپ كەلدى،كېيىن يەنە تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىرئەسكى كەپىگە يۆتكەپ كەلدى،تاشۋاي كېيىنكى يىلى باھار پەسلىگىچمۇ ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى،بۇ چاغلاردا ئۇ راۋاب چېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا ھەۋەس قىلمايتتى. راۋابنى قولىغا بىر ئېلىۋالسا تەرلەپ - پىشىپ،ھالىدىن كەتكۈچە چېلىۋېرەتتى. لېكىن كۆپ ھاللاردا بارات ئۇنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن راۋابنى ئېلىۋالاتتى.

تاشۋاي نەگە بارسا،راۋاب ھەۋەسكارلىرىمۇ شۇيەرگە باراتتى. باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تاشۋاينىڭ دەريا بويىدىكى كەپىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ سەينا يەنە ئادەملەرگە لىق تولىدىغان بولۇپ قالدى،بەزى كىشىلەر كۆن بويى دېگۈدەك موشۇ يەردە بولۇپ،تاشۋاينىڭ راۋابىنى تىڭشايتتى،بولۇپمۇ تاشۋاي ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ??تاشۋاي??، ??قادىر مەۋلانەم??، ??ئەجەم??، ??ئەجەم تەلقىسى??، ??گۇندىپاي I??، ??گۇندىپاي II ????ساپىرىق??، ??كاۋابى سەھرا??، ??يار مۇرادىغا يەتتى??، ??ئويناك دەردى باللار??، ??ۋاي،دادەي??قاتارلىق پەدىلەرگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چالغاندا،كىشلەر ھەيۋەتلىك سادا ياڭرىتىپ،ئۇنىڭغا جۆر بولاتتى...لېكىن تاشۋاي كۈندىن - كۈنگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ھالسىزلىنىشقا باشلىدى،ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرىقى بۇلۇتلۇق

كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككى قېتىم ھوشىدىن كەتتى، ئۈچىنچى قېتىم ھوشىدىن كەتكەندە، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تولىمۇ تەستە ئېسىگە كەلدى ۋە باراتقا:

- بارات، مەن ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، - دېدى.

بارات تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

- ئۇنداق دېمە دوستۇم، خۇدايىم شىپالىق بېرىپ قالار، - دېدى.

- ياق - ، دېدى تاشۋاي، - مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، لېكىن سىلەر كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، مېنىڭ ئۆلۈمۈم دۇنيا ئۈچۈن چوڭ جۇدالىقمۇ ئەمەس...

بۇ چاغدا بارات دوستى تاشۋاينى گويا ئۇزۇن يىللار كۆرمىگەندەك باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. لېكىن تاشۋاي:

- مېنى ئاتامدىن يادىكار قالغان راۋاب بىلەن بىللە كۆمۈڭلار، رەھىم تاغامدىن قالغان راۋاب ساڭا تەۋەررۈك بولۇپ قالسۇن، مېنىڭ جىنازامنىڭ ئۈستىگە بورا يېپىپ قويساڭلارلا بولىدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئۆمرۈم باشتىن - ئاخىر كەمبەغەللىكتە ئۆتتى، مېنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، شاگىرتلىرىم مېنىڭ پەدەمگە چېلىپ ماڭسۇن، روھىم خۇش بولىدۇ... مېنى دەپنە قىلغاندا راۋابنى كۆكسۈمگە ئېلىپ قويۇڭلار، ئۇنى ھەرگىز جۇمەش مۇشتۇمزور ئېلىۋالمىسۇن! - دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئادەمنى دەرد! زۇلمەتلىك زامانىنىڭ مۇدھىش جەبىر - جاپالىرى، قايغۇ - دەردى تاشۋايدەك سۆيۈملۈك خەلق سازەندىسىنى ئاخىر يەپ كەتتى، 1914 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر پەيشەنبىسىدە تاشۋاي ئۆزىنىڭ قەدىردان دوستى باراتنىڭ قۇچىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى...

ئەتىسى سەھەردىلا قەشقەر شەھىرىدىكى ئەل - يۇرت، يېتىم - يېسىرلار تەۋرەپ كەتتى. نەچچە يۈزلىگەن كىشى يىغا - زارە ئىچىدە جىنازىنى كۆتۈرۈپ، ھەيۋەتلىك سەپ

تارتىشىپ،تاشۋاينى زاراتگاھلىققا ئېلىپ مېڭىشتى،تاشۋاينىڭ ئاتىسىدىن قالغان راۋاب جىنازىغا ئېسىپ قويۇلدى. بارات ۋە تاشۋاينىڭ شاگىرتلىرى،يېقىن - يىراق يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن نەچچە ئونلىغان راۋابچى تاشۋاينىڭ جىنازىسى ئالدىدا راۋاب چېلىپ ماڭدى...

تاشۋاينىڭ قەبرىسىنى كۆندە دېگۆدەك ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى، شاگىرتلىرى يوقلاپ تۇردى. يەنىلا ئۇ يەردىن ئۆزۆلمەي تاشۋاينىڭ مۇزىكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى،كېيىنچە ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى پەقەت قەبرە چۆرىسىنىلا ئەمەس،بەلكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بىپايان زېمىننى قۇچتى.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى:1979 - يىلى5 - ئايدا ئۆرۈمچىدە يېزىلدى.

ئېلكتابقا ئايلاندۇرغۇچى: تەۋپىق ئەپەندى